# «يېقىشلىق ‹سۆز›لەر ــ شى جىنپىڭ ياقتۇرغان ئۆرنەكلەر» (2 ـ بۆلۈم) كۆرسىتىلدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلىرى، ماقالىلىرى، سۆھبەتلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى دەۋردىكى كىتابلار ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ھېكمەتلىك جۈملىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە مەدەنىيەت قىممىتى يېشىپ چۈشەندۈرۈلۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى يولباشچى، خەلقنىڭ خىزمەتكارى بولۇشتەك داھىيلىق سالاپىتى ۋە خەلقچىل ھېسسىياتى ئىجادىي يوسۇندا نامايان قىلىنغان.

12 قىسىم پروگراممىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن» «ئۆزىنى يېڭەلىگەنلەر ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ» «دۆلەت ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ساداقەتمەنلىك تارىخ بەتلىرىنى يورۇتىدۇ» «ئەمەلدار بولغان ئادەمنىڭ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ئۆمۈرلۈك نومۇس ئىش» «پۈتكۈل ھاياتىنى دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇشقا ئاتاش» «لەۋزىدە تۇرۇش ئالتۇندىن قىممەت» «توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ كۈنسېرى يېڭىلىنىش» «بارلىق مەۋجۇداتلار بىللە يېتىلىدۇ، بىر ـ بىرىگە توسالغۇ بولمايدۇ» «تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك» «لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق» «مىسلىسىز جۈرئەت بىلەن يېڭى بىر دۇنيا يارىتىش» «يەلكەننى ئېگىز چىقىرىپ، چەكسىز دېڭىزدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش» تېما قىلىنىپ، دىققەت ئەسلىي مەقسەت، ئېتىقاد، ساداقەت، مەسئۇلىيەتچانلىق، ۋەتەننى سۆيۈش، سەممىي بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، يېشىل بولۇش، ھەمبەھرە بولۇش، ئۆزىگە ئىشىنىش، كۈرەش قىلىش، ئارزۇ قاتارلىق تېمىلارغا مەركەزلەشتۈرۈلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ پروگراممىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەسلىي ئاۋازى ئېلىنغان قىسقا فىلىم، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتىن يېشىش، ھەمتۇرتكە سۆھبەت، كلاسسىك ئەسەرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت بەش ھالقا ئارقىلىق قەدىمكى بىلەن ھازىرقى تۇتاشتۇرۇلغان، كۆرۈنۈشلەر يۇغۇرۇلغان، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولغان ئىدىيەۋى ئىلھام ۋە سەممىي ھېسسىيات يەتكۈزۈش سۇپىسى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، يەتتە ئاساسىي سۆزلىگۈچى ۋە بەش چۈشەندۈرگۈچى باش شۇجى شى جىنپىڭ نەقىل كەلتۈرگەن ئۆرنەكلەرنىڭ مەنبەسى، ئارقا كۆرۈنۈشى، تارىخىي ھېكايىسى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھۇزۇرلىنىش قاتارلىق ئېسىل تور پائالىيەتلىرىنى توردا قانات يايدۇردى، كىشىلەر ئۆيىدىن چىقمايلا مەدەنىيەت كاتتا تائاملىرىدىن خۇشال بەھرىمەن بولدى.

«شىنجاڭ ياخشى جاي ــ 8 ـ نۆۋەتلىك تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا چاغانىنى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى»نى چۆرىدەپ، ھەرقايسى جايلار توردا چاغانلىق چۈنلىيەن سوۋغا قىلىش، چاغانلىق ياغاچ ئويما رەسىم نادىر ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، چاغانىنى كۈتۈۋېلىش فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەززىلىك تائاملار كۆرگەزمىسى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭخۇا شىجۇ تىياترى چوڭ سەھنىسى، شىجۇ تىياترى كۆرگەزمىسى، يۇرتلاردىكى چاغانىنى سىندا بىۋاستە كۆرسىتىش، بۇلۇتتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

مول، رەڭدار بولغان توردىكى پائالىيەتلەردىن سىرت، ھەرقايسى جايلار يەنە كۆپ خىل شەكىلدىكى تور سىرتىدىكى پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق، چاغانلىق رەسىم، چۈنلىيەن، شىجۇ تىياترى، لاي ھەيكەل ياساش ھۈنىرى، قالۇن سەنئىتى، خەنفۇ كىيىمى، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، شىر ئۇسسۇلى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە كۆرگەزمە ئويۇنى قويۇش قاتارلىق مول، رەڭدار بولغان بايراملىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى مۇز ئۈستىدە ماشىنا سوقۇشتۇرۇش، مۇز ئۈستىدە ۋېلسىپىت مىنىش، ئىتقا چانا سۆرىتىش قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويدى، ساياھەتچىلەر تىيانشان بوغدا كۆلىدە جەم بولۇپ چاغانىنى خۇشال ئۆتكۈزدى. ئاۋات ناھىيەسىدىكى دولان قەبىلە مەنزىرە رايونىدا، كىشىلەر چاغانغا ئولتۇرۇش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن ھۇزۇرلىنىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، خوراز سوقۇشتۇرۇشنى كۆرۈش قاتارلىق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

قار مەيدانىدا «خالىغانچە ئويناش» كىشىلەرنىڭ چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى ئىستىراھەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئالتاي شەھىرىدىكى جياڭجۈن تېغى چاڭغا تېيىلىش مەيدانى، كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكتوقاي خەلقئارا چاڭغا تېيىلىش مەيدانى، قاناس مەنزىرە رايونىغا قار ـ مۇز ساياھىتى قىلىپ دەم ئالغىلى بارغان كىشىلەرنىڭ سانى زور نىسبەتتە ئاشتى. كۆكتوقاي خەلقئارا چاڭغا تېيىلىش مەيدانى جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 58 مىڭ 300 ئادەم قېتىم بولۇپ، 58 مىليون 832 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلدى.

## «ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا» روھى باھاردىكى سەپىرىمىزگە ھەمراھ بولسۇن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«قەددىنى ئېگىپ كالا بولۇشقا رازى بولۇش»تەك ساپ قەلب، چوڭقۇر مۇھەببەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان. «دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى»دىن ئىبارەت بۇ «باش كەيگۈەن» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، «مەن كىم، كىم ئۈچۈن ئىشلەيمەن، كىمگە تايىنىمەن»دىن ئىبارەت بۇ «باش تېما»غا ياخشى جاۋاب بېرىپ، «ئىلگىرى قەيەردىن كەلگەن، ھازىر قەيەردە، كېيىن قەيەرگە بارماقچى»دىن ئىبارەت بۇ «باش ئورۇن»نى ياخشى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولۇپ، خەلقنىڭ غېمىنى تەڭ يەپ، خەلقنىڭ بەختىدىن بىللە بەھرىلەنگەندىلا، «كىچىك ئۆز» بىلەن «چوڭ ئومۇملۇق»نىڭ بىرىكىپ مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنى، «ئەسلىي مەقسەت» بىلەن «خەلق رايى»نىڭ ماس قەدەمدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان كالا روھى بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك. مۇشۇنداق ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، قاراشتا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى يېڭىلىق يارىتىش ئۈزلۈكسىز كۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنداق پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولغان، ئۈمىد ۋە قىيىنچىلىق بىللە كەلگەن ھازىرقى پەيتتە، ئازراق «بۆسۈپ ئۆتۈش» غەيرىتى، ئازراق «تەۋەككۈلچىلىك» روھى بولمىسا، ئىشلاردا ئالغا ئىلگىرىلەش تۇگۇل، قولغا كەلگەن نەتىجە، ئىلگىرى بار بولغان ئەۋزەللىكلەرمۇ ئاز ـ ئازدىن قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ بىزدىن «مۇقىم بولۇش» بىلەن «ئىلگىرىلەش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يولدا مېڭىپ، باشقىلار ئېچىپ باقمىغان يەرنى ئېچىپ، ئىدىيەدىكى قاشالاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆپ «نۆلدىن بىرگىچە» بولغان بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چىدامچان كالا روھى بىلەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش كېرەك. ئۈچ چى كېلىدىغان دەرس مۇنبىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان باغۋەنلەردىن تارتىپ، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قورقمايدىغان دېھقانلارغىچە، تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرىنى چىڭ كۆزلىگەن پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىدىن تارتىپ، ئوخشاش بولمىغان شەھەرلەردە چېپىپ يۈرۈۋاتقان سودىگەرلەرگىچە، «كەنتتىكلەر»گە ئايلانغان كەنتلەردە تۇرۇشلۇق كادىرلاردىن تارتىپ، «كۆڭۈللەرگە ياققان» نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارغىچە... دەل مانا مۇشۇنداق ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلايدىغان «چىدامچان كىشىلەر» شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ خىش ـ كاھىشلىرى، لىم ـ تۈۋرۈكلىرىنى پۇختىلىدى. چىدامچان كالا روھى بىر خىل ئىستىل، بىر خىل تەربىيەلىنىش، بىر خىل ئۇسلۇب، بىر خىل «ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ، بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، ئەمگىكى بىكارغا كەتمەيدۇ» دېيىلگىنىدەك داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىرادە.

جاسارەت يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاجىزلاپ قالمايدۇ، يۈكسەك ئىرادە باھارنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بارلىق مەۋجۇدات ئويغىنىۋاتقان كۈنلەردە، بىز «ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، چىدامچان كالا» روھىنى باھاردىكى سەپىرىمىزگە ھەمراھ قىلىپ، ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، تارىخ بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ، «پەللىدىن چىقىشنىڭ ئۆزى ئاخىرقى كۈچەش، باشلاشنىڭ ئۆزى ھەل قىلغۇچ جەڭ» دەيدىغان كۈرەش قىلىش يېڭى ھالىتى، «مۇشكۈل ۋەزىپە كۆپچىلىكنىڭ بىر نىيەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە موھتاج» دەيدىغان كۈرەش قىلىش يېڭى كەيپىياتى بىلەن، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا سىزگە مەنسۇپ، ماڭا مەنسۇپ، بىزگە مەنسۇپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتايلى.

**(«سۆز ھەمىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆل سۈيى پاكىز بولمىغاچقا، ئىچكەندىن كېيىن ئاسانلا ئادەمنىڭ ئىچىنى سۈردۈرۈۋېتەتتى، 1985 ـ يىلى، دۆلەت «كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، چىرا ناھىيەسى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆل سۈيى ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بەردى. 2005 ـ يىلى، چىرا ناھىيەسى سۇ سۈپىتى مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ـ يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، تۈزلەڭلىك رايوندىكى ئۈچ يېزا، بىر بازارنىڭ بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ تورۇبا تورىنى مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، سۈپسۈزۈك، تاتلىق تورۇبا سۈيى مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرگەندە، كىشىلەر چېپىپ يۈرۈپ بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى.

چىرا ناھىيەسىگە ئوخشاش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇملۇق بىلەن تاغ ئارىسىغا جايلاشقان، يىل بويى قۇرغاقچىلىق بولىدىغان، يامغۇر ئاز ياغىدىغان نۇرغۇن جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆل سۈيى، قىرتاق، تۇزلۇق سۇ ئىچىپ كەلگەنىدى. ھەر مىللەت ئاممىنى بىخەتەر سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت غايەت زور مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى تۈردىن 400دىن ئارتۇقنى يولغا قويدى، بارلىق نامرات نوپۇسنىڭ بىخەتەر ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە، چەت ـ يىراق، ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايونغا جايلاشقان سۇ يەتكۈزۈلمىگەن 67 كەنتنىڭ ھەممىسىگە سۇ يەتكۈزۈلدى.

### تاتلىق سۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى كەسىپلەرنىڭ ئۈنۈمى ئاشتى

يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغاندىن كېيىن، بىخەتەر، قولايلىق تورۇبا سۈيىنى دېھقان ـ چارۋىچىلار پارتىيە ئېلىپ كەلگەن «بەخت سۈيى» «ساغلاملىق سۈيى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىمۇ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشقا «مەنبە ئېقىن سۈيى» قوشتى.

«بىز ئىشلەپچىقارغان ئۇننىڭ ئىچكىرىدىكى رايونلار بازىرىدا بارغانسېرى قارشى ئېلىنىشىدىكى سەۋەب كەلپىن ناھىيەسىنىڭ ئەلا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدا ئۆستۈرۈلگەن يېشىل، ئورگانىك بۇغداي ئىشلىتىلگەنلىكىدە، شىركەت تەتقىق قىلىپ ئاچقان تۆۋەن سۈرئەتلىك، تۆۋەن بېسىملىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئۇن تارتىش تېخنىكىسى قاتارلىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىدا، يەنە كېلىپ بۇ شەھەر ـ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى سۈپەتلىك سۇنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ» دېدى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئەلنۇرى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ئادىلجان نىياز.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا، سۇچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كەلپىن ناھىيەسىنىڭ سۇ سۈپىتى توغرىسىدا «پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدە سۈپەتلىك سۇ يوق» دېگەن يەكۈننى چىقارغان. سۇ بايلىقىنىڭ كەمچىل، سۇ سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇشى كەلپىن ناھىيەسىنىڭ 1985 ـ يىلى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە قىلىپ بېكىتىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. بۇ ناھىيە 1995 ـ يىلىدىن تارتىپ 20 نەچچە يىلغا سوزۇلغان سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىنى باشلىدى، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى «تاتلىق سۇ دەۋرى»نى باشلىدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ياخشى سۇ مەنبەسى بولغاچقا، كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بار بولدى. كەلپىن ناھىيەسىدە، گەزلىك بازىرىنىڭ گەزلىك كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدىغان بولدى، بۇ سۇدا سۇغىرىلغان چامغۇر «بېيىش مېۋىسى»گە ئايلاندى؛ كەلپىن بازىرىنىڭ قارا كۆت كەنتىدىكى توخۇ باقمىچىلىقى ئائىلىلىرىدە پاكىز سۇ بار بولغاچقا، چۈجىلەرنىڭ ئەيى بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى…

### كاپالەت يەنىمۇ كۈچەيتىلدى سۈپەت يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى

يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى، شۇڭلاشقىلا كاپالەت سەۋىيەسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش زۆرۈر بولغان بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا سۇ مىقدارى، سۇ ئىشلىتىشنىڭ قولايلىق بولۇش دەرىجىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى، سۇ سۈپىتىدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى بويىچە ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسى نامايان بولماقتا، پۈتۈن ئوبلاستتىكى بارلىق كەنتلەردە سۇ ھەققى يىغىش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سۇ سائىتى ئارقىلىق سۇ ھەققى ھېسابلاپ ئېلىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش ھەم 24 سائەت ئۈزۈلدۈرمەي سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇلتۇر، چەقىل ناھىيەسى نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈرى، يېزا ئىگىلىككە چېتىشلىق مەبلەغ، يەرلىكنىڭ قەرز پۇلى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار ئەمگەك كۈچى چىقىرىش قاتارلىقلارنى بىرىكتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق، كۆپ تۈرلۈك يېزا ئىچىدىغان سۇ تورىنى داۋاملىق قۇرۇپ ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ، يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈش، ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى پايدىلىنالايدىغان بولۇش، ئۇزاققىچە نەپكە ئېرىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش كاپالەت سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، يېزا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىن 1289ى پۈتۈپ، تورۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى، سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتى بىردەك 90%تىن ئاشتى.

سۇچىلىق ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز 2025 ـ يىلغا بارغاندا، يېزىلاردا تورۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى 99.3%كە يەتكۈزۈشنى، مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنى 99.7%كە يەتكۈزۈشنى، كۆلەملەشكەن قۇرۇلۇش مۇلازىمىتىگە ئېرىشكەن نوپۇسنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 92.1%كە يەتكۈزۈشنى، 1000دىن ئارتۇق ئادەمنى تەمىنلەيدىغان قۇرۇلۇشلاردا سۇ مەنبەسىنى قوغداش رايونىنىڭ بېكىتىلىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شەھەر ـ يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئاسراشنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، «مەنبەدىن جۈمەككىچە» بولغان ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ۋە يۈرۈشتۈرۈشنى باشقۇرۇش ـ ئاسراش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، سۈپەت، ئۆلچەم، كاپالەت، مۇلازىمەت جەھەتتە شەھەرلەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشىگە ئوخشاش بولۇش نىشانىغا يېتىشنى پىلانلىدى.